## 38023 ـ روزنى بۇزىدىغان ئامىللار

### سۇئال

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرشىڭلارنى سورايمىز؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا روزىنى ئەڭ مۇكەممەل بىر ھېكمەت بىلەن يولغا قويدى. روزا تۇتقۇچىنى روزىنى ئوتتۇرھال تۇتۇشقا بۇيرىدى، روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ ۋە روزىغا زىيانلىك بولغان نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلمايدۇ. روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى ئامىل: بەدەندىن بىر تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ سىرتقا چىقىرىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: جىما قىلىش، قەستەن قەي قىلىش، ئادەت كۆرۈش، ھىجامە قىلدۇرۇپ قان ئالدۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بەدەن ئاجىزلايدۇ. بۇ سەۋەبلىك مەزكۇر ئىشلارنى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن قىلدى. چۈنكى روزا تۇتقۇچىدا روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاجىزلىق بىلەن، يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ بەدەندىن چىقىشى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ئاجىزلىق بىرلەشكەندە، ئۇ كىشىروزا تۇتۇش ئارقىلىق جىسمانىي زىيانغا ئۇچرىغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ روزا نورماللىق بەلگىلىمىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىككىنچى ئامىل: قورساقنى تويغۇزىدىغان يەنى جىسىمغا كىرىدىغان نەرسىلەر بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەك دېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر روزا تۇتقۇچى يېسە-ئىچسە ئۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇشتىن بولغان ھېكمەت ھاسىل بولمايدۇ. [پەتىۋالار توپلىمى 25-توم 248-بەت].

ئاللاھ تائالا روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ ئاساسىنى بۇ ئايەتتە جۇغلاپ بايان قىلدى: فَالْآنَ بَاشِرُوهُنَّ وَابْتَغُوا مَا كَتَبَ اللَّـهُ لَكُمْ ۚ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ۖ ثُمَّ أَتِمُّوا الصِّيَامَ إِلَى اللَّيْلِتەرجىمىسى: ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ئاساسىنى بايان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ يېمەك-ئىچمەك ۋە جىمادىن ئىبارەتتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرىدە بايان قىلىنغان.

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-جىما قىلىش.

2- ئانانىزم قىلىش (يەنى قولى بىلەن ئىسپىرما چىقىرىش).

3-يېيىش-ئىچىش.

4-يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش.

5-ھىجامە قىلدۇرۇش ياكى باشقا يوللار بىلەن قان ئالدۇرۇش.

6- قەستەن قەي قىلىش(قۇسۇش).

7-ئاياللاردىن ھەيز-نىپاسنىڭ قىنى چىقىشى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئامىللارنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى جىما قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ گۇناھى ئەڭ ئېغىردۇر.

رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قەستەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئىككى جىنسى ئەزا ئۇچراشقان، ئەرنىڭ جىنسى ئەزاسى ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسىغا كىرگەن بولسا مەنى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن ئۇلارنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئۇلار قىلمىشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ شۇ كۈننى باشقا بىر نەرسە يېمەي روزا بىلەن كەچ قىلىدۇ، كېيىن ئۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە ئىغىر كاپارەت ئادا قىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ھالاك بولدۇم دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سېنى نېمە ھالاك قىلدى؟ دېدى، ئۇ ئادەم: رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە ئايالىم بىلەن بىرگە بولدۇم دېۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: قۇلدىن بىرنى ئازات قىلالامسەن؟ دىدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئىككى ئاي ئارقىمۇ-ئارقا روزا تۇتالامسەن؟ دېۋىدى، ئۇ ئادەم: ياق، بۇنىمۇ قىلالمايمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاتمىش مىسكىنگە بېرىدىغان نەرسە تاپالامسەن؟ دەپ سوراپتى، ئۇ ئادەم: ياق، دەپ جاۋاپ بەردى.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى1936-نومۇرلۇق ھەدىستە، ئىمام مۇسلىم1111-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان].

جىما قىلىشتىن باشقا ئامىللار بىلەن روزا بۇزۇلسا بۇنىڭغا كاپارەت بىرىش كېرەك بولمايدۇ.

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ئىككىنچىسى: ئانانىزىم (يەنى قولى بىلەن ئىسپىرما چىقىرىش). قولى بىلەن ئىسپىرما چىقىرىشنىڭ روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا روزىدار ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: روزا تۇتقۇچى مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يىمەك-ئىچمەك ۋە شەھۋىتىنى تەرك قىلىدۇ.. [بۇخارى رىۋايىتى1894-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1151-ھەدىس].

يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان شەھۋىتىنى تەرك قىلىدۇ دېگەنلىك، روزا تۇتقۇچى شەھۋەت بىلەن مەنى چىقىرىشنى تەرك قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە ئانانىزىم قىلغان كىشى قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشى، كۈننىڭ قالغان قىسمىنى ئىپتار قىلماستىن ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېيىن شۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما ئانانىزىمنى باشلاپ ئاندىن بۇنىڭدىن قولىنى تارتىپ، ئىسپىرما چىقارمىغان بولسا، روزىسىغا ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ. يەنى ئىسپىرما چىقمىغاندىن كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك ئەمەس. روزىدار كىشى شەھۋىتىنى قوزغايدىغان بارلىق ۋاستىلەردىنيىراق بولىشى، كۆڭلىگە پەيدا بولغان ناچار خىياللارنى يوق قىلىشقا تىرىششى كېرەك.

ئالىملارنىڭ كۆچلۈك قارىشىدا مەزى چىققان بولسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

روزىنى بۇزىۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ ئۈچىنچىسى: يېيىش ياكى ئىچىش، يەنى ئېغىز ئارقىلىق يىمەك-ئىچمەكنىڭ ئاشقازانغا يېتىپ بېرىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۇرۇن ئارقىلىق ئاشقازانغا بىر نەرسە كىرسىمۇ ئوخشاشلا روزىنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: روزا تۇتمىغان بولساڭ بۇرنۇڭغا تولۇق سۇ ئالغىن، دېگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى788-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق ئەسىرى 631-ھەدىستە كەلتۈرگەن.

ئەگەر بۇرۇن ئارقىلىق كىرگەن سۇ ئاش قازانغا كىرمەيدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزا تۇتقۇچىنى بۇرنىغا تولۇق سۇ ئېلىشتىن چەكلىمەيتتى.

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ تۆتىنچىسى: يىمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەر. بۇ ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1-روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇكۇل ئارقىلىق قان سالدۇرۇشى. روزا تۇتقۇچىدىن مەلۇم سەۋەب بىلەن قان كۆپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇكۇل ئارقىلىق قان سالدۇرسا روزىسى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى قان يىمەك-ئىچمەك بىلەن غىزالىنىشنىڭ ئاخىرقى غايىسىدۇر.

2-يىمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان قۇۋۋەت ئوكۇلى ئاستۇرۇش. چۈنكى ئۇ يىمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. [شەيخ

ئىبنى ئۇسەيمىيننىڭ "رامىزان ئېيىدىكى سۆھبەت" ناملىق ئەسىرى 70-بەت].

ئەمما يىمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ئوكۇل بولسا مەسىلەن: پىنىسىلىن، ئۇنسىلىن، جانلاندۇرۇش ئۇكۇلى، ۋاكسىنا قاتارلىق ئۇكۇللار تومۇرغا ئۇرۇلسۇن ياكى ئاسما قىلىپ ئۇرۇلسۇن بۇنىڭ روزىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ (يەنى بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ). [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم پەتىۋالىرى 4-توم 189-بەت]. ئىمكانىيەت بولسا بۇنداق ئۇكۇللارنىمۇ كېچە تەرەپلەردا سالدۇرۇش ياخشى.

بۆرەك تازىلاش ئىشىدا، پاكىزلاش ئۈچۈن قان ئىلىش ئاندىن قاننى تازىلاپ تۆزلۈق ۋە تاتلىق بولغان خىمىيىلىك ۋە ۋىتامىنلىق ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاننى قايتا سىلىش بىلەن روزا بۇزىلىدۇ. [دائىمى كومىتېتى پەتىۋالىرى (10/19)].

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بەشىنچىسى: ھىجامە قىلدۇرۇپ بەدەندىن قان چىقىرىش. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھىجامە قىلغۇچى ۋە قىلدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلدى، دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 2367-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2047-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

باشقىلارغا قان ئىئانە قىلىشمۇ ھىجامە قىلىپ قان ئالدۇرغانغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭمۇ ھىجامە قىلدۇرغاندەك روزا تۇتقۇچىنىڭ بەدىنىگە تەسىرى بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، روزىدارنىڭ باشقىلارغا قان ئىئانە قىلىشى توغرا بولمايدۇ. قاتتىق زۆرۈرىيەت ئاستىدا قان ئىئانە قىلسا بولىدۇ، ئەمما شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىيننىڭ "رامىزان ئېيىدىكى سۆھبەت" ناملىق ئەسىرى 71-بەت].

بىر كىشىدىن ئىختىيارسىز كۆپ قان چىقىپ كەتسە، بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىش ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىدى. [دائىمى كومىتېت پەتىۋالىرى (10-توم 264-بەت].

ئەمما چىشنى ئالدۇرۇش ياكى جاراھەتنى يىرىپ تەكشۈرۈش ياكى ئايرىم قان تەكشۈرتۈش ئۈچۈن قان ئىلىنغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھىجامە قىلىش ئۈچۈن قان چىقارغانغا ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇھىجامە بەدەنگە تەسىر كۆرسەتكەندەك تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

روزىنى بۇزىدىغان ئامىلنىڭ ئالتىنچىسى: قەستەن قەي قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇبارەك ھەدىسىدە: بىر كىشى ئىختىيارسىز قەي قىلغان بولسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ، ئەمما قەستەن قەي قىلغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزىلىدۇ ۋە شۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، دېگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى 720-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھتىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق ئەسىرى577-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كۆپچىلىك ئالىملار قەستەن قەي قىلغان كىشىنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى". [ئەلمۇغنى" 4-توم 368-بەت].

ئېغىزىغا قولىنى سىلىپ ياكى قورسىقىنى سىقىپ ياكى كۆڭلى ئىلىشىدىغان نەرسىنى پۇراپ ياكى قەي قىلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان نەرسىگە قاراپ قەي قىلىدىكەن، ئۇ كىشى شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئەمما ئاش قازىنى بۇزۇلۇپ بىر نەرسە ئىستىمال قىلسا قەي قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، روزىدارنىڭ روزىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىيىنىڭ "رامىزان ئىبىدىكى سۆھبەت" ناملىق ئەسىرى 71-بەت].

روزىنى بۇزىدىغان ئامىلنىڭ يەتتىنچىسى: ھەيز ۋە نىپاس قىنىنىڭ چىقىشى. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئايال كىشى ئادەت كۆرۈپ قالسا ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟، دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 304-ھەدىس].

ئايال كىشى قايسى ۋاقىتتا ھەيزنىڭ ياكى نىپاسنىڭ قىنىنى كۆرسە شۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزىلىدۇ، ھەتتا كۈن ئولتۇرۇشقا بىر مىنۇت قالغان بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئەمما ئايال كىشى ھەيزنىڭ قىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، لېكىن كۈن پاتقىچە قان چىقمىغان بولسا، كۈن پاتقاندىن كېيىن قان چىققان بولسا، ئۇ كۈندىكى روزىسى توغرا بولىدۇ.

ھەيزدار ياكى نىپاسدار ئاياللاردىن كېچىدە قان كېلىش توختىسا، روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلسا، غۇسلى قىلىشتىن ئىلگىرى تاڭ يورۇپ قالغان بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا شۇ كۈنلۈك روزىسى توغرا بولىدۇ. [ئەلپەتھى 4-توم 148-بەت].

ھەيزدار ئاياللار ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەقدىر قىلغان ئىشقا رازى بولۇپ، ھەيزنى چەكلەيدىغان دورىلارنى ئىستىمال قىلماسلىقى ئەۋزەل، ھەيز ۋاقتىدا روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاياللارغا لايىق كۆرگەن ئىشنى ئۇلار قوبۇل قىلىپ ئۇز تەبىئىتى بىلەن قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ، ساھابىلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ۋە باشقا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ شۇنداق قىلغان. [دائىمى كومىتېتى پەتىۋالىرى 10-توم 151-بەت].

دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، ھەيز چەكلەش دورىسىنىڭ ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكى، كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ ھەيز چەكلەش دورىسى قوللانغانلىقى ئۈچۈن ئايلىق ئادىتىنىڭ تەرتىپسىزلەشكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئەمما ئاياللار ھەيز چەكلەش دورىسى ئىشلىش سەۋەبلىك ئادەت كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسا، ئادەت كۈنلىرى بولغان تەقدىردىمۇ قان كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك پاك بولغان بولىدۇ ۋە روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەيز-نىپاستىن باشقا ئامىللارنىڭ ھەممىسى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن بولۇپ، شۇنداق ئىشلار يۈزبەرسە، تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ:

1–بۇ ئامىللارنىڭ روزىنى بۇزىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

2– ئۇنتۇلۇپ قالماستىن ئىسىدە بار بولىشى كېرەك.

3–باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرلانماستىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان بولىشى كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن روزىنى بۇزمايدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز: مەقەتكە ئۇكۇل سۇيۇقلىقى كىرگۈزۈش، كۆز ۋە قۇلاققا دورا تېمىتىش، چىش تارتقۇزۇش ۋە جاراھەتنى داۋالىتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. [شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمى 25–توم 233 ـ245–بەتلەر].

يۆرەك كېسىلى ۋە باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن تىل ئاستىغا دورا قويۇش، ئەگەر كانىيىغا كەلگەن نەرسىنى يۇتىۋەتمىسە روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئاياللارنىڭ جىنسى ئەزاسىغا دورا سېلىش ۋە يۇدۇرۇش، تىببى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جىنسى يولىغا كامىرا كىرگۈزۈش ياكى بارماق سېلىپ تەكشۇرۇش، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئەر–ئاياللارنىڭ كىچىك تەرەت يولىغا كىچىك نەيچە كىرگۈزۈش ياكى دۇربۇن ياكى نۇرلۇق تەكشۈرۈش ماددىسى ياكى دورا ياكى سۇدۇك يولىنى يۇيىدىغان سۇيۇقلۇق كىرگۈزۈش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

چىشنىڭ يىلتىزىنى ئىچىش ياكى چىشنى ئالدۇرۋىتىش ياكى چىشنى تازىلىتىش، مىسۋاك ياكى چىش پاستىسى ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشلاردا كانايغا كىلىپ قالغان نەرسىنى يۇتىۋەتىشتىن ساقلانسا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئېغىزنى چايقاش، غار–غار قىلىش، ئېغىزغا پۈركۈگۈچ قويۇپ داۋالاش ئىشلىرىدا كانايغا كىلىپ قانغان نەرسىنى يۇتىۋېتىشتىن ساقلانسا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئوكسىگىن ۋە گازلىق مەس قىلغۇچى ماددىلار بىلەن داۋالانغاندا بىمارغا غىزانىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان سۇيۇقلۇق بېرىلمىگەندە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

تېرىدىن ماي ماددىلىرىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن تىرە ئاستىغا كىرگۈزۈلگەن نەرسە، مەلھەم، خىمىيلىك ۋە داۋالاش ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېرە داۋالاش ماددىلىرىنى ئىشلەتكەندە روزا بۇزۇلمايدۇ.

تومۇرغا ئىنچىكە نەيچە كىرگۇزۇش ئارقىلىق يۆرەك قان تومۇرلىرىنى داۋالاش، ئۇنى سۈرەتكە ئېلىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئەزالار بۇ ئارقىلىق تىببى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

بىقىنىدىن ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش ياكى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن كامېرا كىرگۈزسە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

جىنگەردىن ياكى باشقا ئەزالاردىن تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆرنەك ئالغاندا، بەدەندە ئېرىپ كېتىدىغان ماددىلارنى بىرگە كىرگۈزمىگەندە روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئاشقازاننى تەكشۈرىدىغان كامېراغىمۇ بەدەندە ئېرىپ كېتىدىغان سۇيۇقلۇق ماددىلار ياكى باشقا ماددىلارسۈركەلمىگەندە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

مېڭىنى داۋالاش ئۈچۈن ھەرقانداق ئۈسكۈن ۋە ماددا ئىشلەتسە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

[شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىيننىڭ رامىزان ئېيىدىكى سۆھبەت ۋە روزىغا ئالاقىدارلىق يەتمىش مەسىلە ناملىق ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.